مارت 2025
ئومۇمىي 56- سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

## شەرقىي تۈركىستاندا يەنە بىر چەكلەنگەن رامىزان



خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى 200 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاققۇنىنى يەرلەشتۈرۈشنى پىلانلىدى
5-بەت

ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خىتايغا ئۇچۇر يەتكۈزۈش بىلەن ئەيىبلەنگەن گۇماندارلارغا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى
15-بەت

شەرقىي تۈركىستانغا بارغان تايلاند ئەمەلدارلىرى خىتاينى ئاقلاشتا چىك تۇردى
29-بەت

ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە
ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ،
ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.
ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ
بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە،
پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق
ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ
توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات
ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان
تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى
بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ،
سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا.
خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي
تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق
يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ،
خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە،
بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا
ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا
تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات
ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار
مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار
ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى
ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا
تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

# ISTIQLAL


**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

س. تارىم

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 خىتاي ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن قىلىش جىنايىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلماقتا

5 خىتاي شــەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى ٢٠٠ مىڭدىــن ئارتۇق خىتاي ئاققۇننى يەرلەشتۈرۈشنى پىلانلىدى

9 تايلاند باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىش تەكلىپى سۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى

11 خىتاي بېيجىڭدا ئېچىلغان يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سوئاللارغا دۇچ كەلدى

15 ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خىتايغا ئۇچۇر يەتكۈزۈش بىلەن ئەيىبلەنگەن گۇماندارلارغا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى

17 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا بۇ يىلمۇ روزا تۇتۇشنى قاتتىق چەكلىگەن







...r'e ceza yağacak

...aldırımda ve ...siklet kulla- ...nında akro- ...za yağdırıla- ...ve akrobatik ...ehliyeti geri ...enlerin 6. ih- ...z araç kulla- ...k. S/3

YAPAY KALPLE 100 GÜN YAŞADI

AYRINTILAR S/16'DA

YENİ DOĞA DÜZ...

İkinci başkanlığı döneminde 'yeni dü... kurmak için 'tartışmalı' kararlara imza ata... hedefinde bu kez 450 bin çizgili bayk... nekli baykuş tutkunu Trump, "istilac... çizgili baykuşları öldürmek için 1.3 ... ödenek talep etti. Kongre üyelerin... derhal iptal edilmesi çağrısı geldi. S/...

KARAR.

13 MART 2025 PERŞEMBE www.karar.com FİYATI: 15 TL

MAHKEMEYE GÖRE DOĞU TÜRKİSTAN'DA ZULÜM...

UYGUR'A ÇİN ŞO...

ÖZEL FEYZA NUR ÇALIKOĞLU

Çin zulmünden kaçan iki Uygur Türkü'nün "Ülkelerine iadesi halinde zulme maruz kalacakları konus... delil yok" gerekçesiyle Pekin'e iadesine karar verildi. **Mağdur Doğu Türkistanlıların avukatı, hü... asla yok, olamaz' taahhüdüyle çelişen ve uluslararası sözleşmelere aykırı kararın iptali...**

İLK KEZ DİREKT İADE KARARI

ÇİN'DE BASKI VE ZULÜM VAR

Çin hükümetinin Uygur Türklerine yönelik soykırıma varan baskıları BM, AB, Uluslararası Af Örgütü, İnsan Hakları İzleme Örgütü gibi kurumlar tarafından dile getirildi. Türkiye'nin de aralarında olduğu 43 ülke tarafından 2022'de imzalanan bir Birleşmiş Milletler bildirisinde "işkence, insanlık dışı ve aşağılayıcı muamele, cinsel şiddet" uygulamalarına atıf yapılarak "Uygurlar ve diğer azınlıkların orantısız bir şekilde hedef alındığı" belirtildi. Doğu Türkistan'da Çin polisince gözaltına alınan çok sayıda kişiden bir daha haber alınamadı. S/7



# مۇندەرىجە


19 تۈركىيە سوت مەھكىمىسى ئىككى ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارى چىقارغان

23 ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشقا چېتىشلىق ئەمەلدارلارغا ۋىزا چەكلىمىسى قويىدى

25 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى كانالارنىڭ ئېچىش ھوقۇقىنى داۋاملىق خىتاي شىركەتلىرىگە بەرمەكتە

27 ترامپ «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» قاتارلىق ئورگانلارغا بېرىلىدىغان ياردەمنى توڭلاتتى

29 شەرقىي تۈركىستانغا بارغان تايلاند ئەمەلدارلىرى خىتاينى ئاقلىدى

33 ترامپ خىتاينىڭ كۆپلىگەن تېخنىكا شىركەتلىرىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى

35 خىتاي زو زۇڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى مەدھىيەلەنگەن تىياتىر تەييارلىدى

39 خىتاي «دىۋىزىيە بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشى» نامىدا دىۋىزىيەنىڭ رولىنى كۈچەيتمەكتە

41 كارىكاتۇر



# خىتاي ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن قىلىش جىنايىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلماقتا

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سۈرگۈن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش تېررور سىياسىتىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىماقتا.

ئالدىنقى كۈنلەردە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدە تارقالغان سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەلۇم ناھىيەسىدىكى بىر كەنتتە يەرلىك ئەمەلدارلار خىتايغا سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزگەن بولۇپ، كۆكسىگە گۈل تاقىلىپ، قىزىل شەپكە كىيگەن، يۈزلىگەن ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قاراپ بىر تۇتاش يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقى كۆرسىتىلگەن.



ختاي خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە قارشى، بۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ئەمەس، بەلكى خەلقنى بېيىتىش، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىكەنلىكى ۋە بۇ خىل سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، سۈرگۈن قىلىنغانلار ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەر-ئاياللاردىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش چامادان ۋە يۆك-تاقلىرىنى ئېلىپ ماڭغان.

يەنە بىر سىندا بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەلۇم ناھىيەسىدە

مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار كۆرسىتىلگەن. خىتاي مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى قىشنىڭ سوغۇقىغا قارىماي، يول ياقىسىدىكى ئېرىقلارنى چېپىش ۋە تۈزلەشكە مەجبۇرلىغان. ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا يوللانغان ئۇچۇرلاردا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە ھاشارغا سالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاشارغا سېلىش ئىش تۈرلىرىنىڭ ئېغىرى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاي يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلارنى بىر تەرەپتىن ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن جازا لاگېرلىرىغا قامىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرمە ۋە جازا لاگېرى سىرتىدا قالغان ياشلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نامى بىلەن خىتاي ئۆلكىلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ كەلمەكتە.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى ھەققىدە تەييارلىغان بىر دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي 2017-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە بولغان ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدىن تەخمىنەن 80 مىڭ ئۇيغۇرنى سۈرگۈن قىلغان. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي



ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ بەيدۇ توردىكى ئالاقىدار ئېلانلار دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئېلانلاردا ئۇيغۇرلار خۇددى قۇللار ياكى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش سۈپەتلەنگەن.

نۆۋەتتە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلىشى ۋە داۋاملىق قويۇق سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلىشى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى داۋاملاشماقتا ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى داۋاملىق ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىگە ئاقماقتا.





# خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى 200 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاققۇننى يەرلەشتۈرۈشنى پىلانلىدى



خىتاي يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش» نامىدا 14 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى 200 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاققۇننى يەرلەشتۈرۈشنى پىلانلىغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 4-مارت خەۋەر قىلىشىچە، يېقىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى»، مائارىپ نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قاتارلىق 13 ئورۇن بىرلىكتە، ئاتالمىش «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ~~شىنجاڭ~~دا قېلىپ، ~~شىنجاڭ~~غا قايتىپ كېلىپ، ~~شىنجاڭ~~غا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتقان.

خەۋەردە مەزكۇر خىتايلاشتۇرۇش پىلانىنى دەل جايىدا تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش، ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن 14 تۈرلۈك تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، ئالاقىدار دائىرىلەردىن بۇ تەدبىرنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش تەلەپ قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە بۇ تەدبىرلەرنى ئۈنۈملۈك تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، تور ۋە تور سىرتىدىكى يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، ئاتالمىش «غەربىي قىسىم پىلانى پىدائىيلىرى» قاتارلىقلار ئاساسىدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر سىياسەت ئۇچۇرلىرىنى دەل جايىغا يەتكۈزۈش، شەرقىي تۈركىستاندا «ئوقۇغۇچىلار ساياھىتى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، ئېتىبار سىياسىتى بىلەن تەمىنلەش، ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ 365 ئىختىساسلىقلار تورى» قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇپىسىغا تايىنىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىش، خىزمەتكە تەكلىپ قىلىشقا دائىر تۈرلۈك سىياسەت ئۇچۇرلىرىنى دەل جايىدا يوللاش، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ ئىختىساسلىقلار خىزمىتى پونكىتى»نى قۇرۇپ، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش،

ئىش ئورنى تونۇشتۇرۇش، خىزمەتكە تەكلىپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش تەلەپ قىلىنغان.

مەزكۇر پىلاندا شەرقىي تۈركىستاندا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئۈچۈن ھەر يىلى 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى كېڭەيتىلىدىغانلىقى، 5000 دىن ئارتۇق پىراكتىكا ئىش ئورنى تولۇپلىنىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىككى يىل ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلار پىراكتىكا قىلىشقا تەشكىللىنىدىغانلىقى، مائاش دەرىجىسى، ئوقۇش پۇلىنى ۋاكالىتەن تۆلەپ بېرىش قاتارلىقلارغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا قارىتا ئۇنىۋان باھالاش، تەتقىقات تۈرى خىراجىتى ئىلتىماس



قىلىش، تەتقىقات نەتىجىسى ياكى شەرەپ نامىغا ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش يولىغا قويۇلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. بۇلاردىن باشقا، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىككى يىل ئىچىدە تۈنجى قېتىم كىچىك، مىكرو كارخانا قۇرغان ياكى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارغا قارىتا ئىگىلىك تىكلەش ياردەم پۇلىنى ئۆستۈرىدىغانلىقى، يۇقىرى چەك بويىچە باج ھەققىنى كېمەيتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەرخىل ناملاردا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇندىن ئىلگىرى تارقالغان سىنلاردىمۇ خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا يەرلىشىشكە چاقىرىلىپ، ئاققۇنلارغا ھەقسىز يەر، ھەقسىز ئۆي، ئۆسۈمسىز قەرز، زور مىقداردا ياردەم پۇلى تەمىنلىنىدىغانلىقى ئاشكارىلانغانىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىش، پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتكە يېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ قېتىم يولغا قويغان ئالاھىدە يۇقىرى تەمىناتلار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى 200 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاققۇننى يەرلەشتۈرۈش پىلانى ئارقىلىق، بۇ قارا نىيىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# تايلاند باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىش تەكلىپى سۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى

تايلاند ھۆكۈمىتى جىنايىتىدىن قېچىش ئۈچۈن، خىتايغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنى ھېچقانداق دۆلەتنىڭ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، بىر نەچچە دۆلەتنىڭ مەزكۇر ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى سۇنغانلىقىنى ئاخىر ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، تايلاند ھۆكۈمىتى 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆزىنى ئاقلىغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مۇتەخەسسىسلىرى تايلاند ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تايلاند ھۆكۈمىتى ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارالىق قانۇن ۋە ئىنسانىي ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ، بۇ جىنايەتنى ئىجرا قىلغان.

تايلاندنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرى پۇمتام ۋېچاياچاي دۈشەنبە كۈنى ئۆزىنى ئاقلاپ، ھېچقانداق دۆلەتنىڭ تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلغان 48 ئۇيغۇرنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق تەكلىپ بەرمىگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ سۆزىدە: «بىز ئون نەچچە يىل كۈتتۇق، مەن نۇرغۇن چوڭ دۆلەتلەر بىلەن سۆزلەشتىم، ئەمما ھېچكىم ماڭا بۇ ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى» دېگەن. ھالبۇكى ئۇ 2006-يىلىدىن 2023-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىمىگەن.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئامېرىكىنىڭ بۇ 48 ئۇيغۇرنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان بۇ ئامېرىكىلىق




ئەمەلدار سۆزىدە: «كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تايلاند ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەمكارلاشتى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى باشقا دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە قايتا-قايتا تەكلىپ سۇندى. بىر مەزگىل بۇ مەسىلىگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئارىلاشتى» دېگەن.

دىپلوماتلار ۋە ئەھۋالدىن بىۋاستە خەۋەردارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت خەۋەر مەنبەسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، كانادامۇ تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇيغۇرلارغا پاناھلىق تەكلىپى بەرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى خەۋەر مەنبەسى يەنە ئاۋسترالىيەنىڭمۇ پاناھلىق تەكلىپى بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما تايلاند خىتاي بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلمىغان.

تايلاندنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رۇس جالىچاندرا تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ بۇندىن ئىلگىرىكى باياناتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئىلگىرى ھەقىقەتەن بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى سۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ يەنە تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش قارارىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنى باشقا دۆلەتلەرگە ئەۋەتكەن تەقدىردە، خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

# خىتاي بېيجىڭدا ئېچىلغان يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سوئاللارغا دۇچ كەلدى



خىتايــدا ئېچىلىۋاتقــان 14-نۆۋەتلــك مەملىكەتلــك خەلــق قۇرۇلتىيــى 3-يىغىنىغــا قاتنىشــىۋاتقان ئاتالمــش «ئۇيغــۇر ئاپتونــوم رايونــى ۋەكىللــەر ئۆمىكى» شــەرقىي تۈركىســتانغا ئالاقىدار



يالغــان بايانلــرى ئارقىلــق خەلقئــارا جەمئىيەتنــى ئالداشــقا ئۇرۇنــدى.

خىتــاي تەشــۋىقات ئورگىنــى تەڭرىتــاغ تورىنىــڭ 9-مــارت خــەۋەر قىلىشــىچە، 14-نۆۋەتلــك مەملىكەتلــك خەلــق قۇرۇلتىيــى 3-يىغىنىغــا قاتنىشــىۋاتقان ئاتالمــش «ئۇيغــۇر ئاپتونــوم رايونــى ۋەكىللــەر ئۆمىكــى» بېيجىڭــدا ئومۇمىي يىغىــن تەشــكىللىگەن بولــۇپ، يىغىــن زالىنــى خىتــاي ۋە چەت ئــەل تاراتقۇلىرىغا ئېچىۋەتكــەن. قورچــاق ئەمەلــدارلار بــۇ جەريانــدا مۇخبىرلارنىــڭ شــەرقىي تۈركىســتان ھەققىدىكــى ســوئاللىرىغا جــاۋاب بېرىــپ، خەلقئــارا جەمئىيەتنــى ئالداشــقا ئۇرۇنغــان.

ئاتالمــش «ئۇيغــۇر ئاپتونــوم رايونلــۇق پارتىيــە كومىتېتى»نىــڭ سېكرېتارى مــا شــىگرۇي خىتــاي شــەرقىي تۈركىســتاندا ئىجــرا قىلىۋاتقــان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىــڭ قانۇنىــي ئاساســى قىلىۋاتقــان ئىبارىلەرنــى تەكــرارلاپ: «جۇڭخــۇا مىللىتــى ئورتــاق گەۋدىســى ئېڭىنــى مۇستەھكەملەشــنى مىللەتلــەر رايونىدىكــى تۈرلــۈك خىزمەتلەرنىــڭ ئاساســي لىنىيەســى قىلىشــنى ئېنىــق، مۇقىــم ئىجــرا قىلــدۇق» دەپ جــار ســالغان.

ما شىگرۇي يەنە بۇرۇنقىدەكلا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە دۆڭگەش ئارقىلىق ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ: «ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەر كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىنىنى دەستەك قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، ~~شىنجاڭ~~غا بوھتان چاپلاپ، خىتاي كارخانىلىرىنى يامان غەرەزدە چەكلىدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ~~شىنجاڭ~~نى نامرات، ئارقىدا قالغان ھالەتكە قايتۇرۇش، توسقۇنلۇق قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان مەجبۇرىي ئەمگەك مەۋجۇت ئەمەس، ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەۋجۇت ئەمەس. مەن ھەرقايسى مۇخبىر دوستلارنىڭ ~~شىنجاڭ~~غا بېرىپ نەق مەيداننى كۆرۈپ بېقىشىنى مۇراجىئەت قىلىمەن» دەپ بىلجىرلىغان.

قورچاق رەئىس ئەركىن تۇنىياز غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلارنىڭ: «خىتاي شىركەتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبلىك ئامېرىكا تەرىپىدىن جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىگە قانداق قاراش كېرەك؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئوخشاشلا جىنايەتلەرنى ئىنكار قىلغان. ئۇ جاۋابىدا: «بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ، قانۇن ئاساسى يوق. بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بىر قىسىم كارخانىلىرىمىز ‹~~شىنجاڭ~~دا مەجبۇرىي ئەمگەك مەۋجۇت› دېگەن بىر قىسىم تەشكىلات ۋە ئاپپاراتلارنى قانۇن بويىچە ئەرز قىلدى. بىز تېخىمۇ كۆپ كارخانىنىڭ قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىمىز» دەپ بىلجىرلىغان.

ھالبۇكى، خىتاي يىللاردىن بېرى ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچكە زەربە بېرىش» دېگەن باھانىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ كەلدى. خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار بارلىق ئىبادەت ۋە سۆز-ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلىدى. شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت خىتاي تەرىپىدىن

چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى، ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

ختاي رېجىمى يەنە ختاي شىركەتلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ كۆلىمىنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا-قىشلاقلىرىغىچە كېڭەيتتى.

ختاي يېقىندا يەنە شەرقىي تۈركىستانىنى ختايلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئاتالمىش «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش» نامىدىكى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھەر يىلى 200 مىڭدىن ئارتۇق ختاي ئاققۇنىنى يەرلەشتۈرۈشنى نىشانلىدى.

ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولغان تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، تىل-يېزىقنى چەكلەش... قاتارلىق سانسىزلىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، تەتقىقات ئورگانلىرى، كۆپلىگەن شاھىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپ، خاتىرىلىنىپ ماڭماقتا.






# ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خىتايغا ئۇچۇر يەتكۈزۈش بىلەن ئەيىبلەنگەن گۇماندارلارغا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى

تۈركىيە ئېغىر جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ئالدىنقى يىلى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى خىتايغا يەتكۈزگەنلىك گۇمانى بىلەن تەكشۈرۈلگەن سەمەت ئاسىلتۈرك، سادىق مەمەتئەزىز، ھەبىبۇللاھ ئۈرۈمچى، ھاشىم سابىتئوغلى، ئابدۇللاھ ناسىر، قارى ئىلياس، نۇرئەخمەت ئۆمەرئوغلى قاتارلىق يەتتە جىنايەت گۇماندارى ھەققىدە ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

ھۆكۈمدە بىلدۈرۈلۈشىچە، گۇماندار سادىق مەمەتئەزىزنىڭ دۆلەتنىڭ مەخپىي ئۇچۇرلىرىنى سىياسىي ياكى ھەربىي جاسۇسلۇق مەقسىتىدە تەمىنلەش جىنايىتى ئىسپاتلانغان بولۇپ، تۈركىيە جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدا

كۆرسىتىلگەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش شەكلى، جەريانى، قەستەنلىكى، كەلتۈرگەن خەتىرىنىڭ ئېغىرلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

سادىق مەمەتئەزىزنىڭ جىنايى جازاسىغا قارىتا، جىنايەتنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرلىرى، سوت جەريانىدىكى ئىپادىسى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، 5237 نومۇرلۇق تۈركىيە جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى بويىچە بەلگىلەنگەن جازانىڭ 6/1 قىسمى قىسقارتىلىپ، ئەمەلى ئىجرا قىلىنىدىغان قاماق جازاسى 12 يىل 6 ئاي قىلىپ بېكىتىلگەن.

سادىق مەمەتئەزىز بىلەن بىرگە تەكشۈرۈلگەن جىنايەت گۇماندارلىرىدىن ھەبىبۇللاھ ئۆرۈمچى، ھاشىم سابىتئوغلى، ئابدۇللاھ ناسىر، قارى ئىلياس، نۇرئەخمەت ئۆمەرئوغلى ۋە سەمەت ئاسىلتۈرك قاتارلىق ئالتە كىشى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن.

ھۆكۈمدە بىلدۈرۈلۈشىچە، گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن ئالتە كىشى گەرچە دۆلەتنىڭ مەخپىي ئۇچۇرلىرىنى سىياسىي ياكى ھەربىي جاسۇسلۇق مەقسىتىدە خىتايغا تەمىنلەش جىنايىتى بويىچە ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، بىراق تەپتىش مەھكىمىسى مەزكۇر كىشىلەرگە قارىتىلغان جاسۇسلۇق ھەققىدىكى گۇمانلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىيالمىغان. بۇ سەۋەبلىك تۈركىيە جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا ئاساسەن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن. ئۇندىن باشقا مەزكۇر شەخسلەر ھەققىدە يولغا قويۇلغان ئەدلىيە نازارىتى تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ھۆكۈمدە يەنە ئاقلىنىپ چىققان كىشىلەرنىڭ ئادۋوكاتقا سەرپ قىلغان چىقىملىرى ئەڭ تۆۋەن باھا بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر بىر كىشىگە 48 مىڭ لىرا قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان.

ھۆكۈمنىڭ ئاخىرىدا، ئاقلىنىپ چىققۇچىلارنىڭ نەزەربەند ئاستىدا تۇرغان ۋاقىتلىرى ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 141-ماددىسى بويىچە تۆلەم تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا بۇ يىلمۇ روزا تۇتۇشنى قاتتىق چەكلىگەن

خىتاينىڭ بۇ يىلمۇ تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىنى قاتتىق چەكلىگەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى ئاستىدا زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان بىر ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي مۇبارەك رامىزان ئېيى كىرگەندىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روزا تۇتۇشىنى قاتتىق چەكلىگەن.

ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مەخپىي روزا تۇتۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن، مەخسۇس كوچا چارلىغۇچى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلار كېچىدە كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ، نازارەت قىلىپ، قايسى ئۆيدە چىراغ يورۇپ قالغان ھامان ئىسپات سۈپىتىدە سۈرەتكە تارتىۋالىدىكەن. ئەتىسى ئۇلار ئاھالە كومىتېتىغا ياكى ساقچىخانىغا چاقىرىلىپ سوراق قىلىنىشقا باشلايدىكەن. سوراقتا «كېچىدە ئۆيۈڭنىڭ چىرىغى نېمىشقا يورۇدى؟ سوھۇرلۇق يېدىڭمۇ؟ ئۆيدىكىلەردىن كىم-كىملەر سوھۇرلۇق يېدى؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايدىكەن. چاقىرىلغان كىشىلەر ھاجەتخانىغا چىققانلىقى، بالىسى ئاغرىپ قالغانلىقى، قوي-كالىسىغا قارىغانلىقى دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ساقچىلار ياكى خىتاي خادىملىرى بۇ خىل جاۋابلارغا ئىشەنمەيدىكەن ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلارنى سۇ ئىچىشكە مەجبۇرلايدىكەن.

خىتاي يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇشتىن ئىبارەت تېررور سىياسەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار بارلىق سۆز-ھەرىكەتلەرنى، ئىبادەتلەرنى چەكلەپ كەلدى.

رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى چەكلەش خىتاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخىدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن باستۇرۇش سىياسىتى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا بۇنى تېخىمۇ قاتتىق ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىجرا قىلماقتا.



# تۈركىيە سوت مەھكىمىسى ئىككى ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارى چىقارغان

تۈركىيەدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئىككى ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارى چىقارغانلىقى مۇھاجىرەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. بۈگۈن ئىستانبۇلدا بۇ توغرۇلۇق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

قارار گېزىتىنىڭ 13-مارت خەۋەر قىلىشىچە، ئىستانبۇل 16- ۋە 18-مەمۇرىي سوت مەھكىمىلىرى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك چەت ئەلگە چىقىپ، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەركىن ئابدۇۋەلى ۋە مەھمۇد ئىنايەت ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇرنى ئۈچىنچى دۆلەتكە ئەمەس، بەلكى بىۋاستە خىتايغا قايتۇرۇش ھەققىدە قارار چىقارغان.

قاراردا «ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان ئەھۋالدا زۇلۇمغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە جىددىي، كونكرېت ماددىي دەلىل يوق» دېگەن باھانە تىلغا ئېلىنغان.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئادۋوكاتى سوت مەھكىمىسى چىقارغان قارارنىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن ۋەدىسىگە زىت بولۇپلا قالماي، يەنە خەلقئارالىق كېلىشىملەرگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىش ئارقىلىق، قارارنىڭ بىكار قىلىنىشى ھەققىدە تۈركىيە ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس سۇنغان.


'Mototerör'e ceza yağacak

Trafikte zikzak çizerek terör estiren, kaldırımda ve kırmızı ışıkta geçmeyi huy edinen motosiklet kullanıcılarına yönelik hazırlanan eylem planında akrobatik hareket sergileyen sürücülere ceza yağdırılacak. Taslağa göre; akan trafikte yarış ve akrobatik hareket yapana 47 bin lira para, 60 gün ehliyeti geri alma cezası verilecek. Kırmızı ışıkta geçenlerin 6. ihlalde ehliyetleri iptal edilecek. Ehliyetsiz araç kullanılması halinde 186 bin lira ceza kesilecek. S/3

YAPAY KALPLE 100 GÜN YAŞADI
AYRINTILAR S/16'DA

YENİ DOĞA DÜZENİ

İkinci başkanlığı döneminde 'yeni dünya düzeni' kurmak için 'tartışmalı' kararlara imza atan Trump'ın hedefinde bu kez 450 bin çizgili baykuş var. Benekli baykuş tutkunu Trump, "istilacı tür" dediği çizgili baykuşları öldürmek için 1.3 milyar dolar ödenek talep etti. Kongre üyelerinden planın derhal iptal edilmesi çağrısı geldi. S/16

Kur'ân-ı Kerîm hakkında bilmemiz gerekenler

Kur'ân-ı Kerîm, miladi 611 yılı Mart'ına denk gelen Ramazan ayında Allah tarafından Cebrâil vasıtasıyla Hz. Muhammed'e indirilmeye başlanmış, 632 Haziran'ındaki vefatına kadar sürmüştür. Mekke'de gelen ayetlerde daha çok inanç konuları, ahlâkî ve insanî değerler ele alınır; geçmiş inkârcı toplumların başına gelenlerden bahsedilir. Medenî ayetlerdeyse, bu konuların yanında ailevî, siyasî, hukukî, ekonomik, askerî vb. toplumsal konulara daha çok yer verilmiştir.

PROF. DR. MUSTAFA ÇAĞRICI RAMAZAN ÖZEL SAYFASINDA S/10

KARAR.

KANARYA ÇEYREK FİNAL AŞKINA
FENERBAHÇE TUR İÇİN SAHADA S/14

13 MART 2025 PERŞEMBE www.karar.com FİYATI: 15 TL

MAHKEMEYE GÖRE DOĞU TÜRKİSTAN'DA ZULÜM YOKMUŞ!

UYGUR'A ÇİN ŞOKU

K ÖZEL FEYZA NUR ÇALIKOĞLU

Çin zulmünden kaçan iki Uygur Türkü'nün "Ülkelerine iadesi halinde zulme maruz kalacakları konusunda ciddi, somut maddi delil yok" gerekçesiyle Pekin'e iadesine karar verildi. **Mağdur Doğu Türkistanlıların avukatı, hükümetin "Çin'e iade asla yok, olamaz' taahhüdüyle çelişen ve uluslararası sözleşmelere aykırı kararın iptali için AYM'ye başvurdu.**

İLK KEZ DİREKT İADE KARARI

İstanbul 16. ve 18. İdari Mahkemeleri'nin Çin zulmünden kaçarak ülkemize sığınan iki Uygur Türkü hakkında verdiği karar şaşkınlık yarattı. Mahkeme, daha önce üçüncü ülkeler üzerinden yapılan sınır dışı uygulamasının dışına çıkarak ilk kez mağdurların doğrudan Çin'e iade edilmesini istedi. Gerekçe olaraksa "Ülkelerine iadesi halinde zulme maruz kalacakları, hayati tehlikelerinin olacağına dair ciddi, somut maddi delil olmadığı" gösterildi. Anayeti ve Abuduwaili'nin avukatları deport kararının temyiz yolunun da kapalı olduğunu bildirdi.

ÇİN'DE BASKI VE ZULÜM VAR

Çin hükümetinin Uygur Türklerine yönelik soykırıma varan baskıları BM, AB, Uluslararası Af Örgütü, İnsan Hakları İzleme Örgütü gibi kurumlar tarafından dile getirildi. Türkiye'nin de aralarında olduğu 43 ülke tarafından 2022'de imzalanan bir Birleşmiş Milletler bildirisinde "işkence, insanlık dışı ve aşağılayıcı muamele, cinsel şiddet" uygulamalarına atıf yapılarak "Uygurlar ve diğer azınlıkların orantısız bir şekilde hedef alındığı" belirtildi. Doğu Türkistan'da Çin polisince gözaltına alınan çok sayıda kişiden bir daha haber alınamadı. S/7

Mahemuti Anayeti

ESKİ KARAR

YENİ KARAR

تۈركىيەدە سوت مەھكىمىسىنىڭ تۈنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنى بىۋاستە خىتايغا قايتۇرۇش قارارى چىقىرىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى چۆچۈتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئەندىشە قوزغىدى.

سوتنىڭ مەزكۇر قارارىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 14-مارت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى ۋە خەلقئارا كۆچمەنلەر ھوقۇقى جەمئىيىتى بىرلىكتە، ئىستانبۇل رايونلۇق مەمۇرىي سوت مەھكىمىسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلدى.

يىغىلىشتا خەلقئارا كۆچمەنلەر ھوقۇقى جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم ئەرگىن، ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى كايا كارتال ۋە شەرقىي تۈركىستان




# BASIN AÇIKLAMASI

TÜRKİYE CUMHURİYETİ İÇİŞLERİ BAKANLIĞI

T.C. İÇİŞLERİ BAKANLIĞI GÖÇ İDARESİ BAŞKANLIĞI

## UYGUR TÜRKÜ İKİ ŞAHISLA İLGİLİ GERÇEK DIŞI İDDİALAR HAKKINDA BASIN AÇIKLAMASI

Bazı basın yayın organlarında ve sosyal medya hesaplarında yer alan, Uygur Türkü iki şahsın Çin'e sınır dışı edileceğine ilişkin gerçek dışı haber ve paylaşımlar hakkında açıklama yapma ihtiyacı ortaya çıkmıştır.

6458 sayılı Yabancılar ve Uluslararası Koruma Kanunu'nun "Geri gönderme yasağı" başlığı altındaki 4'üncü maddesi, yabancılar hakkındaki iş ve işlemlerde hassasiyetle uygulanmaktadır. Bu kapsamda hiç kimse işkence göreceği, ırkı, dini, tabiiyeti, belli bir toplumsal gruba mensubiyeti veya siyasi fikirleri dolayısıyla hayatının veya hürriyetinin tehdit altında bulunacağı bir yere gönderilmemektedir.

Bahse konu şahısların Çin'e gönderileceği iddiaları da kesinlikle gerçek dışı olup bugüne kadar hiçbir Uygur Türkü Çin'e gönderilmemiştir. Nitekim A.M.isimli şahıs, kendi talebine istinaden ailesinin bulunduğu bir Batı ülkesine gönüllü olarak gitmiştir. A.A. isimli şahıs hakkındaki gözetim kararı ise 2023 yılında kaldırılmıştır.

**Kamuoyuna saygıyla duyurulur.**

ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئايرىم-ئايرىم بايانات ئوقۇپ ئۆتتى.

ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باياناتىدا سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككى ئۇيغۇر ھەققىدىكى قارارىنىڭ قانۇنىي كىرىزىسلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەخلاقىي كىرىزىس ئىكەنلىكى، سوت قارارىنىڭ يەنە تۈركىيەنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىگە زىت ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلارنى ئېلان قىلغانلىقى تەكىتلەندى ھەمدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى خەلقئارا قانۇن ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىلدى.

بۇ خەۋەر تارقىلىپ، كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغاندىن كېيىن، تۈركىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلدى. باياناتتا يەنە 6458-نومۇرلۇق چەت ئەللىكلەر ۋە خەلقئارالىق ھىمايە قانۇنىنىڭ «چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش چەكلىمىسى» ماۋزۇسى ئاستىدىكى 4-ماددىسىنىڭ چەت ئەللىكلەر ھەققىدىكى خىزمەتلەردە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىنغانلىقى، بۇنىڭغا ئاساسەن ھېچكىمنىڭ قىيىن-قىستاققا ئۇچراش خەۋپىگە ئۇچرايدىغان ۋە ئىرقى، دىنى، مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغا تەۋەلىكى ياكى سىياسىي پىكىرلىرى سەۋەبلىك ھاياتى ياكى ئەركىنلىكى تەھدىتكە ئۇچرايدىغان بىر يەرگە ئەۋەتىلمەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەرنى خىتايغا قايتۇرۇش قارارى چىققانلىق ھەققىدىكى بايانلارنىڭ رېئاللىققا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئەمەسلىكى، بۈگۈنگە قەدەر ھېچبىر ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا ئەۋەتىلمىگەنلىكى، مەھمۇد ئىنايەتنىڭ ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن، ئائىلىسى ياشاۋاتقان بىر غەرب دۆلىتىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەتكەنلىكى، ئەركىن ئابدۇۋەلى ھەققىدىكى نازارەت قارارىنىڭ 2023-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى قەيت قىلىنغان.



# ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشقا چېتىشلىق ئەمەلدارلارغا ۋىزا چەكلىمىسى قويدى

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىسترى ماركو رۇبىيو 14-مارت تايلاندنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇشتا جاۋابكارلىقى بار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش ھەققىدە قارار ئېلان قىلدى.

بۇ ھەقتىكى باياناتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ چەكلىمە يېقىندا 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرغان تايلاند بىلەنلا چەكلىنەمەيدىغان بولۇپ، بەلكى ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇشتا جاۋابكارلىقى بولغان ھازىرقى ۋە سابىق چەت ئەل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قارىتىلغان. بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇشتا مەسئۇلىيىتى بار چەت ئەل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تۇنجى قېتىم جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئۇلارغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇشى ھېسابلىنىدىكەن.

ماركو رۇبىيونىڭ 14-مارت ئېلان قىلغان يازما باياناتىدا: «بۈگۈن مەن يېڭى ۋىزا چەكلىمىسى سىياسىتىنى ئېلان قىلىمەن. بۇ چەكلىمە ئۇيغۇرلارنى ياكى خىتايدىن قوغدىنىشقا ئېھتىياجلىق بولغان باشقا مىللەتلەرنى مەجبۇرىي قايتۇرۇشتا مەسئۇلىيىتى بولغان ياكى شېرىك بولغان ھازىرقى ۋە سابىق چەت ئەل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قارىتىلغان. بىز خىتاينىڭ ھۆكۈمەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنى ياكى باشقا مىللەتلەرنى خىتايغا قايتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمىز. بۇ كىشىلەر (خىتايدا) قىيىن-قىستاق ۋە مەجبۇرىي يوقىتىۋېتىلىشكە ئۇچرىماقتا» دېيىلگەن.

ماركو رۇبىيو باياناتىدا چەكلىمە قارارىنىڭ دەرھال ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەن 27-فېۋرال 40 ئۇيغۇرنىڭ تايلاندتىن مەجبۇرىي قايتۇرۇلۇشىدا مەسئۇلىيىتى بار ياكى شېرىك بولغان ھازىرقى ۋە سابىق تايلاند ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش ئارقىلىق، بۇ سىياسەتنى دەرھال ئىجرا قىلىمەن» دېگەن.

باياناتتا يەنە: «بىز خىتاينىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى سەۋەبلىك، دۇنيادىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرماسلىققا چاقىرىمىز» دېيىلگەن.

تايلاند ھۆكۈمىتى 27-فېۋرال تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 40 ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي خىتايغا قايتۇرغاندىن كېيىن، ماركو رۇبىيو يازما بايانات ئېلان قىلىپ، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن ئەيىبلەپ: «تايلاند ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىتتىپاقدىشىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق چۆچۈدۇق» دېگەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا تايلاند دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋېچاياچاي 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇش قارارىنى تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، ئەدلىيە مىنىستىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىرلىكتە چىقارغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

# ختاي شەرقىي تۈركىستاندىكى كانلارنىڭ ئېچىش هوقۇقىنى داۋاملىق ختاي شىركەتلىرىگە بەرمەكتە

ختاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، يەنە 171 كاننىڭ ئېچىش هوقۇقىنى ختاي شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى پىلانلىغان.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تەبىئىي بايلىق نازارىتى ئورگان تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 2025-يىللىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ كان ئىگىلىك هوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش لايىھەسىنى تەشۋىق يىغىنى 18-مارت ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ جەرياندا مىس، تۆمۈر، ئالتۇن، لىتىي قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان مېتال كانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 171 كاننىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش لايىھەسى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىنىدىكەن. هازىرغىچە ختاي مەركىزىي كارخانىلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار، مالىيە ئورۇنلىرى قاتارلىق 180 دىن ئارتۇق ئورۇن يىغىنغا قاتنىشىشقا تىزىملاتقان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 2024-يىلى كان ئىگىلىك هوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش لايىھەسىنى تەشۋىق قىلىش يىغىنى خوتەن شەھىرى، غۇلجا شەھىرى ۋە تيەنجىن شەھىرىدە ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن. ختاي بۇ يىل ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك» كان ئىزدەش هوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش سانىنى 200 دىن ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تەبىئىي بايلىق نازارىتى كان ئىگىلىك هوقۇقىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ

ئېيتىشىچە، 2024-يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە 558 كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىم 290 مىليارد يۈەنگە يەتكەن.

ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كان بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان تۈرلۈك قېزىلما 153 خىل، ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى 103 خىلغا يېتىدىكەن. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن تالان-تاراج قىلىنغان بايلىقلارنى پەقەت ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، غايەت زور تەبىئىي بايلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامراتلىق ئىچىدە ياشىماقتا. خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقتا ۋە كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكتە.






# ترامپ «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» قاتارلىق ئورگانلارغا بېرىلىدىغان ياردەمنى توختاتتى

ترامپ ھۆكۈمىتى 15-مارت «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»، «ئامېرىكا ئاۋازى»، «ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم تاراتقۇ ئورگانلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەملەرنى ۋاقىتلىق توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن.

BBC نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋازى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ يۈزلىگەن خىزمەتچىلىرى ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتىن كەلگەن ئېلخەتنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدارىگە كىرىشى چەكلەنگەنلىكى، مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى ۋە ئىدارە تەقسىملىگەن ئۈسكۈنىلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان.

ترامپ ئىلگىرى بىر قانچە ياردەم ئورگانلىرى ۋە مائارىپ بۆلۈملىرىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئۇ ئالدىنقى جۈمە يەنە مەمۇرىي بۇيرۇق

چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا يەرشارى مېدىيا ئاگېنتلىقىنى «پىرېزىدېنت ھاجەتسىز دەپ قارىغان فېدېراتسىپ بىيۇروكراتىيە ئاپپاراتى» قاتارىغا كىرگۈزگەن.

ترامپنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان كارى لېيك بۇندىن ئىلگىرى مەزكۇر مېدىيا ئورگىنىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مېدىيا ئورگىنىغا يوللىغان ئېلخەتتە: «فېدېراتسىپ مەبلەغ ئەمدى ئورگاننىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ» دەپ يازغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، ھازىرچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قانچە رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ قاچان، قانداق تەرىقىدە ئىش توختىتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

بۇ قارار ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، نۇرغۇن دېموكراتچىلار يازما ئېلان قىلىپ، مېدىيانىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداشقا چاقىردى. ئاۋام پالاتاسى خىتاي ئىشلىرى ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ نوپۇزلۇق ئەزاسى راجا كرىشنامۇرتى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنى تاقاشنىڭ ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى يۇمشاق كۈچىگە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى.

نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 18-مارت خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئامېرىكا ئاۋازى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ خامچوتىنىڭ زور دەرىجىدە قىسقارتىلغانلىقىنى تەبرىكلىگەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى تاراتقۇ ئورگىنى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى كۆپلىگەن تىللاردا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ كەلگەن بولۇپ، خىتاي ئۇلارنى «ئامېرىكىنىڭ تەشۋىقات قورالى» دەپ ئەيىبلەپ كەلگەنىدى.

نۆۋەتتە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئامېرىكا ئاۋازى ،ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى قاتارلىق ئورگانلار ترامپ ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن سورتقا ئەرز سۇنغان.

# شەرقىي تۈركىستانغا بارغان تايلاند ئەمەلدارلىرى خىتاينى ئاقلاشتا چىڭ تۇردى

خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئۇيغۇرلارنى «زىيارەت قىلىش» ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا بارغان تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى خىتاينى ئاقلاشتا چىڭ تۇردى.

باڭكوك پوچتا تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، تايلاند مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرى پۇمتام ۋېچاياچاي، ئەدلىيە مىنىستىرى تاۋى سودسوڭ ۋە بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدارلار ئۆتكەن ئايدا خىتايغا





تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، 18-مارت شەرقىي تۈركىستانغا ئۈچ كۈنلۈك «زىيارەتكە» بارغان. تايلاند ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ زىيارىتى ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلىرىنىڭ ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ تەنقىدى ئاستىدا، تايلاندنىڭ ئۆز جىنايىتىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە سۆز قىلغان پۇمتام ۋېچاياچاي كۆرۈشكەن ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىغا ئاساسەن تاللانغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە بۇ قېتىملىق زىيارەتتە خىتاينى ئاقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قايتۇرۇلغان 40 ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتاينىڭ ئويۇن ئويناپ، كۆز بويامچىلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى رەت قىلغان.

پۇمتام زىيارەت قىلىش جەريانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى رەت قىلىپ: «ئۇلار بۇيرۇق بىلەن يىغلايدىغان ھوللىۋود ئارتىسلىرى ئەمەس. بىز كەلگەندە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇلاردىن خۇشال ئىكەنلىكى سورالغاندا، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرى تەبىئىي ئىدى» دەپ بىلجىرلىغان.

ئۇ يەنە مەجبۇرىي قايتۇرۇلغان بىر ئۇيغۇر ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغان پەيتىنى تەسۋىرلەپ: «بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» دېگەن. ئۇ يەنە كۆزەتكۈچىلەرنى تارقالغان سۆزلەرگە ئەمەس، بەلكى ئىپادە، ئىشارەت ۋە ئاۋازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتلارغا دىققەت قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

خىتاي تايلاند ئەمەلدارلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، بۇرۇنقىدەكلا ئالدىن تەييارلانغان سەھنىلەرنى، جۇملىدىن ناماز ئوقۇش چەكلىنىپ،

ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنى زىيارەت قىلدۇرغان. تايلاند ۋەكىللەر ئۆمىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە بىلجىرلاپ: «قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار خىتاي قانۇنى بويىچە ياخشى تۇرمۇش شارائىتىدا بىخەتەر ياشىماقتا» دېگەن.

خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتىغا ئاساسەن خەۋەر قىلغان باڭكوك پوچتا گېزىتى قايتۇرۇلغان 40 ئۇيغۇرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاللىبۇرۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۆيلىرىگە قايتقانلىقىنى، ئىلگىرى ئاغرىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىچە دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

تايلاند ھۆكۈمىتى باياناتچىسى ئېلان قىلغان باياناتتا، تايلاند ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىتاي بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنلىكى، بىر گۇرۇپپىنىڭ قەشقەردىن تەخمىنەن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان بىر ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلغانلىقى، يەنە بىر گۇرۇپپىنىڭ ئۈرۈمچىدىن 500 كىلومېتىر يىراقلىقتا ياشايدىغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىلەن سىن ئارقىلىق سۆزلەشكەنلىكى ھەمدە ئاتالمىش «دىنىي زاتلار» بىلەن كۆرۈشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغان ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن مەخپىيەتلىكنى قوغداش ئۈچۈن سۈرەت ۋە سىنلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ



يۈزلىرىنى تۇتۇقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ھېچقانداق ئالاھىدە چەكلىمە قويۇلمىغانلىقى دەۋا قىلىنغان. خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى زىيارەت ھەققىدە ھېچقانداق تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىمىغان.

شەرقىي تۈركىستانغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغان مۇخبىرلار خىتاينىڭ قاتتىق نازارىتىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، خەۋەر قىلىنىشىچە، سەيشەنبە كۈنى بىر گۇرۇپپا تايلاند مۇخبىرلىرى قايتۇرۇلغان 40 ئۇيغۇرنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن خىتاي تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇخبىرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئەمەلدارلىرى زىيارەت جەريانىدا تايلاند مۇخبىرلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئۇلارنىڭ تارتقان سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ چىققان ۋە ماقۇللىمىغانلىرىنى تايلاندقا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن ئۆچۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلىغان.





# ترامپ خىتاينىڭ كۆپلىگەن تېخنىكا شىركەتلىرىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى

ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايغا قارىتىلغان سودا قارا تىزىملىكىنى كېڭەيتىپ، خىتاينىڭ سۈنئىي ئەقىل، ئىلغار ھېسابلاش، ھەربىي تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى تەرەققىياتىنى چەكلەش ئۈچۈن، كۆپ قىسمى خىتاينىڭ بولغان 80 شىركەت ۋە ئورگاننى ئېمبارگو تىزىملىككە كىرگۈزدى.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 26-مارت خەۋەر قىلىشىچە، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەدبىرى ئاساسلىقى خىتاي شىركەتلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، Intel، Nvidia ۋە AMD شىركەتلىرىدىن ئامېرىكىنىڭ ئۆزەكلىرىنى سېتىۋالىدىغان چوڭ شىركەتلەرگە زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان.

تىزىملىككە يېڭى قوشۇلغان شىركەتلەردىن نىڭچاڭ ئۇچۇر سانائىتى شىركىتى نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 2024-يىلى ئېجرا قىلغان تەكشۈرۈشىنىڭ دىققەت نۇقتىسى بولغان. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى بەزى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ سۈنئىي ئەقىل



تېخنىكىسى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ئىلغار ئۆزەك چەكلىمىلىرىدىن قانداق يول تېپىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

نىڭچاڭ شىركىتى خىتايدىكى سۈنئىي ئەقىل ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر مۇلازىمېتىرى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ شىركەت شۇگۇاڭ شىركىتىنىڭ بىر تۈپ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. شۇگۇاڭ شىركىتى خىتاي ئارمىيەسىنى ئىلغار ھېسابلاش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىققان. 2019-يىلى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئەندىشىسى سەۋەبلىك، شۇگۇاڭ شىركىتىنى ئېكسپورت چەكلەش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، شۇگۇاڭ شىركىتى ئامېرىكا تەرىپىدىن چەكلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلاشقۇچىلىرى بولغان Nvidia، Intel ۋە مىكروسوفت شىركەتلىرى تېزلىكتە نىڭچاڭ بىلەن ئالاقە قۇرغان.

ئېرىشىلگەن خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇگۇاڭ ۋە نىڭچاڭ شىركەتلىرى خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە چېتىشلىق ئىكەن. خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۆزەك تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بەزى خىزمەتچىلىرىگە جازا يۈرگۈزگەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئادەتتە جازا تىزىملىكى شىركەتلەرنىڭ رەسمىي ئىسمى ۋە ئادرېسىغا ئاساسەن ئىجرا قىلىنغاچقا، شىركەتلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن جازا تەدبىرىدىن ئاسانلا قېچىپ قۇتۇلالايدىكەن.

ترامپ ھۆكۈمىتى سەيشەنبە كۈنى ئېلان قىلغان تىزىملىكتە 54 خىتاي شىركىتى ۋە ئورگىنى بار بولۇپ، ئۇندىن باشقا، ئىران، پاكىستان، جەنۇبىي ئافرىقا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە تەيۋەن قاتارلىق دۆلەتلەردىكى 20 دىن ئارتۇق شىركەت ۋە ئورگانمۇ بار ئىكەن.

# خىتاي زو زۈگتاگىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى مەدھىيەلەنگەن تىياتىر تەييارلىدى



خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەت تارىخىنى ئاقلاش، بۇرمىلاش ئۈچۈن غايەت زور كۈچ چىقىرىۋاتقان بولۇپ، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان زو زۇڭتاڭنى ئۇقتىلىق تەشۋىق قىلىشقا باشلىغانىدى. يېقىندا خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى يەنە زو زۇڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى مەدھىيەلەنگەن بىر جىڭجۈ تىياتىرىنىڭ سىنارىيەسىنى پۈتكۈزۈپ، رەسمىي رىپېتىتسىيە قىلىشقا باشلىغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 29-مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئالدىنقى ھەپتە خىتاينىڭ دۆلەتلىك جىڭجۈ تىياترخانىسىدا زو زۇڭتاڭ ھەققىدە يېڭىدىن تەييارلانغان جىڭجۈ تىياتىرىنىڭ رىپېتىتسىيە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. مەزكۇر تىياتىرنىڭ سىنارىيەسىنى خىتاينىڭ دۆلەتلىك جىڭجۈ تىياترخانىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈ تىياتىرى ئۆمىكى بىرلىكتە تەييارلىغان بولۇپ، نۆۋەتتە رەسمىي رىپېتىتسىيە باسقۇچىغا كىرگەن.

قانخور تاجاۋۇزچى زو زۇڭتاڭ مەدھىيەلەنگەن مەزكۇر تىياتىرغا «ئەسلىي زېمىننى يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىش» دەپ نام قويۇلغان بولۇپ، «يېڭى چېگرا، يېڭى زېمىن» مەنىلىرىنى بېرىدىغان ۋە خىتاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~» كەلىمىسىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە زورۇقۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر تىياتىرنى تەييارلاش پىلانى 2023-يىلى باشلانغان بولۇپ، تىياتىردا شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ كۆپ تەسۋىرلەنمىگەنلىكى، بەلكى مۇھىم نۇقتا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قارىتىلغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىياتىردا زو زۇڭتاڭنىڭ ئەسىرلەرگە كۆيۈنگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىدەك ئارىيەلەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەھشىيانە قەتلىئاملىرى ئالاھىدە پەردازلانغان.

بۇ خىتاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلاش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، يېقىنقى يىللار مابەينىدە

ختاي قانخور زو زۇڭتاڭنى ئاتالمىش «ختاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىغان قەھرىمان» دەپ سۈپەتلەپ، پىلانلىق تەرىقىدە تەشۋىق قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇلتۇر 9-ئايدا ئاتالمىش «زو زۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرىۋېلىشى» دېگەن دەرس ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنىدى. ختاي يەنە قومۇل شەھرىدە سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئاتالمىش «زو زۇڭتاڭ تىككەن سۆگەتلەر» ئۈچۈن مەخسۇس قوغداش تۈر مەبلىغى ئاجراتقان بولۇپ، بۇلار ئۈچۈن رەقەملىك ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىققانىدى.





مانجۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى 1876-يىلى زوزۇڭتاڭنى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، زوزۇڭتاڭ ئۆز ۋاقتىدىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغاندىن باشقا، چەت ئەل ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەربىي ياردىمى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا بېسىپ كىرگەنىدى. بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان خەلقى تاجاۋۇزچى مانجۇ قوشۇنلىرىغا قارشى جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قانخور زوزۇڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان ۋە نەچچە يۈز مىڭلىغان خەلقنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغانىدى.






# ختاي «دىۋىزىيە بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشى» نامىدا دىۋىزىيەنىڭ رولىنى كۈچەيتمەكتە

ختاي شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشتا مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى»نىڭ رولىنى ۋە يەرلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەۋاتقان بولۇپ، يېقىنقى ھەرىكەتلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرى دىققەت تارتماقتا.

ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» ۋە دىۋىزىيە (بىڭتۇەن)نىڭ 24-مارت تۈنجى قېتىم «خەلق ئىشلىرى يىغىنى»نى بىرلىكتە ئاچقانلىقى، بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرىمۇ 1-پەسىلدىكى چوڭ تۈرلەردە

مەركەزلىك ئىش باشلاش پائالىيىتىنى ئورتاق ئۆتكۈزگەنلىكى ئالاھىدە خەۋەر قىلىنغان.

مەزكۇر خەۋەردە «دىۋىزىيە بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشى» ئىبارىسى نۇقتىلىق تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇلتۇردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەن-تېخنىكا، سىياسىي-قانۇن، مائارىپ، تەشۋىقات قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردىكى مۇھىم خىزمەت يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىۋىزىيە بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىكتە ئېچىش شەكلى قوللىنىپ، ۋەزىپىلەرنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

خەۋەردە يەنە دىۋىزىيە بىلەن يەرلىكنى يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ خىتاي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، «جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇقەررەر تەلەپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم يول» ئىكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

ئەنگلىيە شېفىلد ھالام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھېلېنا كېنېدى تەتقىقات مەركىزى 2022-يىلى ئىيۇل ئېيىدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى دىۋىزىيەلەرنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، زومىگەرلىك بىلەن يەر-زېمىن ئىگىلىۋېلىش، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەر ئارقىلىق، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ۋە دىنىي، مىللىي كىملىكىنى باستۇرغانلىقىنى پاش قىلغانىدى. يېقىنقى مەزگىللەردە دىۋىزىيە بىلەن يەرلىكنى بىرلەشتۈرۈش شوئارلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.




ختاي شەرقىي تۈركىستاندا بۇ يىلمۇ روزا تۇتۇشنى پۈتۈنلەي چەكلىدى
ۋە خەلقنى روزا تۇتمىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇرلىدى.




40 ئۇيغۇرنى ختايغا تاپشۇرۇپ
بەرگەن تايلاند ھۆكۈمىتى
ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستانغا
بېرىپ، ختاينىڭ ساختا
تەشۋىقاتىغا ماسلاشتى.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ

EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00